# گۈللەنگەن خاۋجياڭ دەرياسى باھار تۈسىگە كىردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

48 سائەت، 19 مەيدان پائالىيەت. رەئىس شى جىنپىڭ ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە، ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىدىكى خۇشاللىق ئىشىنى تەبرىكلەپ، ئاۋمېندىكى ھەر ساھە زاتلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، سەممىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ، چوڭقۇر ھېسسىياتى ۋە كەڭ نەزەر دائىرىسى بىلەن ئاۋمېننىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن پىلان تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يۆنىلىش بەلگىلەپ بەردى.

### شانلىق سەھىپە

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سەھەر، جىنلىيەنخۇا مەيدانى، تەنتەنىلىك بايراق چىقىرىش مۇراسىمى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلدى. بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ۋە ئالاھىدە مەمۇرىي رايون رايون بايرىقىنىڭ ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ئاۋمېندىكى ھەر ساھە زاتلار ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 20 ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى شەرىپىدىن ۋەتەن بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولدى.

20 يىللىق بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇساپىدە، ئاۋمېن «بىر دۆلەت» ئاساسىنى چىڭ ساقلاپ، «ئىككى تۈزۈم»نىڭ پايدىسىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، بىر كىچىك شەھەردىن تەرەققىي قىلىپ خەلقئارا داڭلىق شەھەرگە ئايلىنىپ، دۇنياغا «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئۇلۇغ ئىجادىيىتىنىڭ جۇڭگو ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلدى.

بۇ بىر مەڭگۈ ئەستە ساقلاشقا ئەرزىيدىغان كۈن، بۇ بىر تەنتەنىلىك تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان دەقىقە.

ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە سارىيىدا، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەيدان ـ ساراي ئالدىدا، «يەلكەننى چىقىرىش» ناملىق ئالتۇن رەڭلىك زور ھەيكەل كۆزنى قاماشتۇراتتى.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10لاردا، رەئىس شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلگەندە، پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئورنىدىن تۇردى، قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئۇزاققىچە ئۈزۈلمىدى.

ھەممىنىڭ نەزەرىدە، رەئىس شى جىنپىڭ سالماق قەدەم تاشلاپ رەئىس سەھنىسىگە چىقىپ، دۇنياغا مۇنداق جاكارلىدى ——

«ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلار بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئاۋمېن تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، ئاۋمېنچە ‹بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم›نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى پۈتتى».

گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئاۋمېنغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى مۇجەسسەملىگەن، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«بىز بەختىمىزگە يارىشا ئۆز تەرەققىيات تەقدىرىمىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ تەقدىرى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرگەچكە، بۈگۈنكىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدۇق.» تەبرىكلەش يىغىنى نەق مەيداندىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ تۇنجى باش مەمۇرى خې خوۋخۇا ئاۋمېننىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ئامىلىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ئىدى.

ئۆتمۈشنى خۇلاسىلەش، تېخىمۇ مۇھىمى ئەسلى مەقسەتنى ئەسلەش.

1949 —— 1999 —— 2019، ۋاقىت كوردىناتى سىستېمىسىدا چاقناپ تۇرغان ئىز تۇتاشتۇرۇلدى، ئاۋمېن بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشكە ئاتلىنىش پۇختا قەدىمىگە گۇۋاھ بولدى.

20 يىل ئىلگىرى، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ بۇ تۇپراقتا كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، چەت ئەل مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقى جۇڭگو زېمىنىدىن تەلتۆكۈس يوقىتىلدى. بۈگۈنكى كۈندە، قالتىس «خاۋجياڭ ھېكايىسى» يەنە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرگەنلىكىنىڭ جانلىق ئىزاھاتىغا ئايلاندى ——

ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەن 20 يىلدىن بۇيان، ئاۋمېننىڭ يەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 51 مىليارد 900 مىليون ئاۋمېن پۇلىدىن 444 مىليارد 700 مىليون ئاۋمېن پۇلىغا كۆپەيدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDPسى 120 مىڭ ئاۋمېن پۇلىدىن 670 مىڭ ئاۋمېن پۇلىغا ئۆرلىدى، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ جەمئىي مالىيە قالدۇقى، تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1999 ـ يىلدىكىنىڭ 193 ھەسسىسى ۋە 6.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىشسىزلىق نىسبىتى 6.3%تىن 1.8%كە تۆۋەنلىدى...

«ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن بۇيانقى 20 يىل ئاۋمېن تارىخىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەڭ تېز، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى ئەڭ زور بولغان مەزگىل، شۇنداقلا ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە شان ـ شەرىپىدىن ھەممىدىن بەھرىلىنىش تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەزگىل».

12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى كەچتە، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ قارشى ئېلىش زىياپىتىدە، ھەر ساھەدىكى ئەزىز مېھمانلار جىمجىت قۇلاق سالدى. رەئىس شى جىنپىڭ ئۈچ «ئەڭ» ئارقىلىق بۇ ئالاھىدە 20 يىلغا باھا بەردى ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى مۇقەررەرلىكنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى ——

«ئاۋمېننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ھاسىل قىلغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلىرى ‹بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم› فاڭجېنىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىدىن بولغان، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىدىن بولغان، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتىنىڭ پائال نەتىجە ياراتقانلىقى ۋە ئاۋمېن جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھەنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىدىن بولغان».

20 يىللىق غايەت زور ئۆزگىرىش داۋامىدا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئاۋمېندا يىلتىز تارتىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ، دۇنياغا جۇڭگونىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىجادىيىتىنىڭ «تامامەن يولغا قويغىلى بولىدىغانلىقى، قىلغىلى بولىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ مايىللىقىغا ئېرىشكەنلىكى»نى ئىسپاتلاپ بەردى!

چەت ئەل تاراتقۇلىرى ئاۋمېننىڭ 20 يىلدىن بۇيان تارىخىي خاراكتېرلىك «ئۆزگىرىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگونىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلانغانلىقىغا قايىل بولدى. پورتۇگالىيە زۇڭلىسى كوستا ئاۋمېننىڭ جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيانقى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەرىپلەپ، ئاۋمېن ئورنىنى توغرا تېپىپ، جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلى دۇنياسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كېسىشىش نۇقتىسىغا ئايلاندى، دېدى.

يېرى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن رولى ئۆزگىچە. رەئىس شى جىنپىڭ ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۇقىرىسىدا تۇرۇپ، ئاۋمېننىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشتىكى تۆت مۇھىم تەجرىبىسىنى چوڭقۇر خۇلاسىلىدى: باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭ تۇتتى؛ باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ توغرا يۆنىلىشىنى توغرا ئىگىلىدى؛ باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» بۇرچىنى زىممىسىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى؛ باشتىن ـ ئاخىر «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» جەمئىيەت سىياسىي ئاساسىنى پۇختىلىدى.

قىممەتلىك تەجرىبىلەر چوڭقۇر ئىلھام بىلەن يۇغۇرۇلغان ——

ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»گە قەتئىي ئىشەنگەن ھەم ئۇنى ئەمەلىي يولغا قويغاندىلا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەۋزەللىكى تېخىمۇ تولۇق نامايان بولىدۇ؛

ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكى، قىيسىپ كەتمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغاندىلا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، يىراققا بېرىشىغا تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ؛

ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولغان ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار دەۋرنىڭ ئېغىر ۋەزىپىسىنى تامامەن زىممىسىگە ئالالايدۇ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى ياخشى باشقۇرالايدۇ، ياخشى گۈللەندۈرەلەيدۇ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ؛

ئاۋمېننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان جەمئىيەت سىياسىي ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش بايرىقى ئاستىدا ئەڭ كەڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يولنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى تۈپ كاپالەت.

خې خوۋخۇا، سۈي شىئەن، خې يىچېڭ ھەمدە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىيەت، قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئىنتىزام قىسمىنىڭ ۋەكىللىرى، ئاۋمېن جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە ۋەكىل زاتلار بىلەن، تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا كەلگەن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ باش مەمۇرى لىنجېڭ يۈئې بىلەن كۆرۈشتى...

ئۈچ كۈن ۋاقىت ئىچىدە، بىر قاتار زىچ كۆرۈشۈشتە، رەئىس شى جىنپىڭ كۆيۈمچانلىق بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئىشلىرىنىڭ قايتا ئاتلىنىشى ئۈچۈن ئۇزاق كەلگۈسىنى پىلانلاپ بەردى، ئىستىقبالنى سۈرەتلەپ بەردى.

«بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقى ‹بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم› ئەمەلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ‹بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم› تۈزۈم سىستېمىسىنى تېخىمۇ ياخشى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى تېخىمۇ ياخشى ئىدارە قىلىشتا تامامەن ئەقىل ـ پاراسەتكە، ئىقتىدارغا ئىگە».

جاراڭلىق، مەردانە سۆزلەر چوڭ دۆلەت داھىيسىنىڭ سالاپىتىنى نامايان قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىنى يەتكۈزدى. توغرا يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، تۈزۈم «تۇراقلاشتۇرغۇچ»نى پۇختىلىساقلا، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئۇلۇغ ئىشلىرىدا جەزمەن خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماي، داۋاملىق يېڭى شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايمىز.

### سەممىي مۇھەببەت

«ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندە ئاۋمېنغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، ئاۋمېننىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈندىن ـ كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش قىياپىتىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنىڭ مەزمۇت، كۈچلۈك بولۇۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم».

رەئىس شى جىنپىڭ ئاۋمېن بىلەن «تونۇشقىلى ئۇزاق بولدى»، بۇ ئۇنىڭ ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن 6 ـ قېتىم بۇ گۈزەل تۇپراققا قەدەم بېسىشى.

مەيلى يەرلىكتە خىزمەت قىلسۇن ياكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولسۇن، شى جىنپىڭ ئاۋمېننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، پۇقرالارنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە باشتىن ـ ئاخىر دىققەت قىلىپ كەلدى. 2009 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، شى جىنپىڭ دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاۋمېندا تەكشۈرۈش، زىيارەتتە بولۇپ، ئاۋمېننىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسىغا تاقابىل تۇرۇشىغا ئىلھام، مەدەت بەردى. 2014 ـ يىلى، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 15 يىللىقىدا، رەئىس شى جىنپىڭ ئاۋمېنغا كېلىپ، تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

بەش يىل ئىلگىرى ئاۋمېنغا كەلگەندە، ئالدىراش سەپىرىدە، رەئىس شى جىنپىڭ شىپەيۋەندىكى ئاممىۋى ئۆيگە مەخسۇس بېرىپ، ئاۋمېندىكى ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلدى. بۇ قېتىم ئاۋمېنغا قايتا كەلگەندە، ئۇ تۇنجى كۆزدىن كەچۈرۈش سەپىرىدە ئوخشاشلا ئاۋمېن ئاھالىلىرىنى يوقلىدى، خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرىنى ئىگىلىدى.

«مېنىڭچە، بۇ سىزنىڭ يۈرەك سۆزىڭىز. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئاۋمېننىڭ بۇ 20 يىلدىكى ئۆزگىرىشى ئەڭ روشەن بولدى. سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلاردىن بىز ئاۋمېننىڭ گۈللەنگەن ـ گۈللەنمىگەنلىكى، تەرەققىي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز.» 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، رەئىس شى جىنپىڭ خېيشاخۇەندىكى ھۆكۈمەت ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت مەركىزىگە كېلىپ، كەسىپ بېجىرىۋاتقان شەھەر ئاھالىلىرى بىلەن سەممىي پاراڭلاشتى. شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سەممىي بىلدۈرگەن بەخت تۇيغۇسى، مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى ئاڭلاپ، رەئىس شى جىنپىڭ ئىنتايىن خۇشال بولدى.

ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن بۇيان، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى خەلق تۇرمۇشىنى تىرىشىپ ياخشىلاپ، جەمئىيەت پاراۋانلىقى، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالاش ـ سەھىيە، ئاممىۋى ئۆي قاتارلىق ساھەلەردە «ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش» ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈردى. رەئىس شى جىنپىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش داۋامىدا ئەستايىدىل كۆرۈپ، تەپسىلىي ئاڭلاپ، كونكرېت سوراپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ھۆكۈمىتى شەھەر ئاھالىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، خەلق ئاساس قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈرۈپتۇ، دەپ قارىدى.

«خۇشاللىق ۋە شادلىققا تولغان» كىچىك شەھەردە تۈزۈم ئەۋزەللىكى بولغاچقا، تەسىرلىك ھېكايىلەر ئۈزۈلمىدى.

نەنۋەن كۆلى ساھىلىدە ئەمدىلا قۇرۇلغان جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر سودا ھەمكارلىق مۇلازىمەت سۇپىسى ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ مەخسۇس بۇ يەرگە كېلىپ، سۇپا قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، «بىر بەلۋاغ، بىر يول» بويىدىكى دۆلەتلەردىن كېلىپ ئاۋمېندا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى.

«بىر مەركەز، بىر سۇپا، بىر بازا» —— دۇنيا ساياھەت ـ ئىستىراھەت مەركىزى، جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر سودا ھەمكارلىق مۇلازىمەت سۇپىسى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئاساسىي ئېقىم قىلغان، كۆپ مەدەنىيەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئالماشتۇرۇش ـ ھەمكارلىق بازىسى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ئاۋمېننىڭ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىدىكى ئورنى تېخىمۇ روشەنلەشتى.

«جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر سودا ھەمكارلىق مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇشى ئىدىيەدىن ئەمەلىيەتكە ئايلاندى، ئۇلۇغۋار پىلاندىن ئەمەلىي گەۋدىگە ئايلاندى. مەن ئىنتايىن خۇشاللىق ھېس قىلدىم.» پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئۆزگىچە تاۋارلارنى كۆرۈپ، يىرىك پىلاندىكى ئىقتىدارى تولۇق تۈرلۈك كەسپىي ئەسلىھەلەرنى كۆرۈپ، رەئىس شى جىنپىڭ ناھايىتى خۇشال بولدى.

«كىچىك ئەمما باي»، «كىچىك ئەمما كۈچلۈك»، «كىچىك ئەمما ھاللىق»، «كىچىك ئەمما گۈزەل» —— رەئىس شى جىنپىڭ ئاۋمېن جەمئىيىتىدىكى ھەر ساھە ۋەكىل زاتلار بىلەن كۆرۈشكەندە، ئاۋمېننىڭ ئۆزگىچە سېھرىي كۈچىنى تۆت سۆز بىلەن سۈپەتلەپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون «كىچىككىنە ئۈستەلدە قالتىس رولىنى جارى قىلدۇردى» دەپ ماختىدى.

«بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە پۈتۈن ئاۋمېن ئاھالىلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە جاپالىق ئەجرى مۇجەسسەملەنگەن.» رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مېھىر ـ مۇھەببەتلىك سۆزىگە ئىشەنچ ۋە غەمخورلۇق يۇغۇرۇلغانىدى.

«بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» ئەڭ زور ئەۋزەللىك، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئەڭ چوڭ سەھنە.

«ئىچكىرى رايونلار بىلەن ئاۋمېننىڭ تېخىمۇ زىچ ئىقتىساد ـ سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش»تىن «گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى تەرەققىيات يىرىك پىلان پروگراممىسى»غىچە، جۇڭگو بىلەن پورتۇگال تىلىنى قوللىنىدىغان دۆلەتلەر سودا ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىشتىن «بىر بەلۋاغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا قاتنىشىشقىچە، ئاۋمېن دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە ئۈزلۈكسىز سىڭىشتى، ئۆسۈپ يېتىلىش بوشلۇقى تېخىمۇ كېڭەيدى.

«بۇ، جۇڭخۇا مىللىتى زور تەرەققىي قىلىدىغان، زور نەتىجە يارىتىدىغان دەۋر، شۇنداقلا ئاۋمېن بىلەن ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرى ئورتاق گۈللىنىپ، ئورتاق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان دەۋر.» رەئىس شى جىنپىڭنىڭ سۆزى كىشى قەلبىنى ھاياجانلاندۇردى.

تەنتەنىلىك پەيت ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ پات ئارىدا يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە.

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، رەئىس شى جىنپىڭ قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلىش بىلەن، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ 5 ـ قارار باش مەمۇرى خې يىچېڭ ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 5 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق ئەمەلدارلىرى قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى.

رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىغا قارىتا سەممىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى ——

دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش؛

يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇش؛

ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى يەنىمۇ كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش؛

سىغدۇرۇشچان بولۇش، ئۆزئارا ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش.

بۇ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقى، بۇ، ئاۋمېن ئاھالىلىرىنىڭ ئارزۇسى.

ۋەتەنگە تايىنىپ، يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا يەنە سەپەرگە ئاتلانغان ئاۋمېن چوقۇم داۋاملىق يېڭى مۆجىزە يارىتالايدۇ.

### كەلگۈسىگە يېتەكلەش

«بۇ يىل 5 ـ ئايدا، يىڭسەي مەكتىپىدىكى كىچىك دوستلاردىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم، قويۇق ئائىلە، دۆلەت مۇھەببىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى قەغەز يۈزىدە ناھايىتى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپتۇ، مەن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. مەن سىلەرگە جاۋاب خەت يازغاندىلا مەكتەپكە كېلىپ ساۋاقداشلارنى يوقلاشنى ئويلىغاندىم، بۈگۈن مەن بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم».

12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، رەئىس شى جىنپىڭ «ۋەدىسى بويىچە كەلدى»، ئاۋمېن خاۋجياڭ ئوتتۇرا مەكتىپى قارىمىقىدىكى يىڭسەي مەكتىپى قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. «شى بوۋىمىز كەلدى!» ھاياجانلىق شادلىق تەبەسسۇمى ساۋاقداشلارنىڭ چېھرىدە ئەكس ئېتەتتى.

ئۆتمۈشكە قاراپ كەلگۈسىنى بىلىش. مەكتەپ زالىدا، جۇڭگو تارىخى ئوچۇق دەرسى ئۆتۈلۈۋاتاتتى، باش تېمىسى «‹بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم› ۋە ئاۋمېن» ئىدى. ئوچۇق دەرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا كېلىپ، نەق مەيداندا مۇھىم سۆز قىلدى ——

«بىزنىڭ 5000 يىلدىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىمىزنى چۈشەنگەندە، تەبىئىي ھالدا كۈچلۈك مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ»

«ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى مىللەتنىڭ ھاقارەتلىك تارىخىنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللەتنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە بولغان كۈچلۈك ئارزۇسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ»

«بىز ھەربىر كىشى يېڭى جۇڭگو قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەردىن پەخىرلىنىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات يولىغا بولغان ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتۇق»

«تارىخنى چۈشەنگەندىلا، ئاندىن بىزنىڭ قەيەردىن يولغا چىققانلىقىمىزنى، قانداق يولدا ماڭغانلىقىمىزنى، ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىمىزنى، كەلگۈسىدە قاياققا قاراپ ماڭىدىغانلىقىمىزنى ھەقىقىي چۈشەنگىلى بولىدۇ»

……

رەئىس شى جىنپىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە توختىلىپ، كەلگۈسىگە يېتەكلىدى.

«شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئاۋمېن بىر ئەۋلاد ياشلىرى جەزمەن يارامىلىق بىر ئەۋلاد، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر ئەۋلاد بولۇپ چىقىدۇ، كەلگۈسىدە جەزمەن ئاۋمېن ھەتتا دۆلەتنىڭ غوللۇق تايانچلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ».

ئاۋمېندىكى مەزگىلدە، رەئىس شى جىنپىڭ يەنە يېقىندا تاپشۇرۇۋالغان بىر پارچە خەتنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى، خەت يازغۇچى 8 ـ قارارلىق «ئاۋمېندىكى ياش ئىختىساسلىقلار شاڭخەي ئۆگىنىش ـ ئەمەلىيەت پىلانى»نىڭ بارلىق كۇرسانتلىرى ئىدى. كۇرسانتلار رەئىس شى جىنپىڭغا ئۆزلىرىنىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىدە ياخشى چېنىقىش، ئۆزىنى ياخشى راۋاجلاندۇرۇش، ياخشى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىشەنچى بارلىقىنى ئېيتقانىدى.

«بۇ، ئاۋمېندىكى يېڭى بىر ئەۋلادلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئۆزىنى كۈچەيتىش روھىي قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلدى» دېدى رەئىس شى جىنپىڭ.

«بىر دۆلەت» يىلتىز، يىلتىزى چوڭقۇر بولغاندىلا، ئاندىن يوپۇرماقلىرى باراقسان بولىدۇ؛ «بىر دۆلەت» غول، غولى مۇستەھكەم بولغاندىلا، ئاندىن شاخلىرى باراقسان ئۆسىدۇ.

مۇقىملىق ئاۋمېن تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ——

12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىر مەيدان ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە ئۇيۇلۇش نامايان بولدى. رەئىس شى جىنپىڭ ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ئىنتىزام قىسمىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلارنىڭ «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ئاۋمېندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سەپەرنى ئاياغلاشتۇرۇپ بېيجىڭغا قايتىش ئالدىدا، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق قىسمىنى كۆزدىن كەچۈردى.

«يولداشلار، ياخشىمۇ سىلەر!» «رەئىس ياخشىمۇ سىز!»

«يولداشلار، جاپا چەكتىڭلار!» «خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىمىز!»

ئاۋمېن يېڭى پورت گازارما رايونىدا ئارمىيە بايرىقى لەپىلدەيتتى، كۆزدىن كەچۈرۈشنى قوبۇل قىلغان ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ، غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

رەئىس شى جىنپىڭ بارلىق ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى: يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا قىسىم قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداپ، ئاۋمېننىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم»نىڭ ئاۋمېندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

مىللەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق زىممىگە ئېلىپ، ۋەتەننىڭ شان ـ شەرىپىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش.

بۇ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى پۈتۈن ۋەزىيىتى نەزەرىدە تۇتۇلۇپ ئىپادىلەنگەن روشەن مەيدان بولۇپ، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىشتەك ئورتاق ئىرادىسى مۇجەسسەملەنگەن.

«شياڭگاڭ، ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، بۇ ئىككى ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش پۈتۈنلەي جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىشىنىڭ ھاجىتى يوق. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم، بىز ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا ھەرگىز يول قويمايمىز!»

ئاۋمېن شەرقىي ئاسىيا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى تەنتەربىيە سارىيىدا، ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى نەق مەيدانىدا، تونۇش مېلودىيە ياڭرىدى، رەئىس شى جىنپىڭ سەھنىگە چىقىپ، پۈتۈن مەيداندىكى تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتتى:

«جەۋلان قىلار بەش يۇلتۇزلۇق قىپقىزىل بايراق، غەلىبە ناخشىمىز شۇ قەدەر ياڭراق. سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنى كۈيلەيمىز، گۈللىنىپ قۇدرەت تېپىشقا ماڭىمىز ھەر ۋاق...»

جۇشقۇن، ياڭراق ناخشا ساداسى، قايىنام ـ تاشقىنلىققا تولغان ئىشلار.

جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى.

«جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ۋەتىنىمىز ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلىش، ئورتاق گۈللىنىش يولى مۇقەررەر ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ!»

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئاۋمېن، 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)